# 4635 ـ ئايروپىلاندىكى كىشى قاچان ئېھرام كىيىدۇ؟

## سۇئال

مەن ئاللاھ تائالا خالىسا بۇ يىل ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن، ئايروپىلان بىلەن رىيادتىن جىددىغا كېلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قەيەردە ئېھرامغا كىرىشىم كېرەك؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز بۇنداق سەپەر قىلغاندا ھازىر"سەيلىل كەبىر" دەپ ئاتىلىدىغان" قەرنى مەنازىل دىگەن جايدا ئېھرامغا كىرىشىڭىز كېرەك.

مىقاتتىن ئۆتكەن كىشى مىقاتنىڭ ئۆزىدە ئېھرام كىيىدۇ، مىقاتتىن ئۆتمىگەن كىشى قۇرۇقلۇقتا، ھاۋادا ياكى دېڭىزدا بولسۇن مىقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام كىيىدۇ. سىز ئايروپىلان مىقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام كىيىشىڭىز كېرەك. ئايروپىلان مىقاتتىن تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغاچقا ئېھتىياتەن مىقاتقا كېلىشتىن بۇرۇنراق ئېھرام كىيسىڭىز بولىدۇ".

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مىقاتنىڭ ئۆزىدىن ئۆتمەيدىغان كىشىلەرقۇرۇقلۇقتىن، ھاۋادىن ياكى دېڭىزدىن بولسۇن مىقاتنىڭ باراۋىرىگە كەلگەندە ياكى يېقىنلاشقاندا ئېھرام كىيىدۇ، ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارمىقاتقا يېقىنلاشقاندا ياكى ئېھتىياتەن مىقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئېھرام كىيىش كېرەك، مىقاتتىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كيىن ئېھرام كيگەن كىشىگە قان(يەنى جازا) كېلىدۇ". ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئىسلام پەتىۋالىرى 2-توم 198-بەت.

دائىمي كومىتېتى پەتىۋاسىدا: جىددە، ھەج-ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن سىرىتتىن كەلگەنلەرنىڭ مىقاتى (ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى) ئەمەس، پەقەت جىددىدە ياشايدىغان ياكى مۇقىم تۇرىدىغان ياكى جىددىغا باشقا بىر ئىش بىلەن كېلىپ كيىن ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر جىددىدىن ئېھرامغا كىرسە بولىدۇ. ئەمما مەدىنە ياكى مەدىنە تەرەپتىن كېلىدىغان كىشىلەر ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇلار زۇلھۇلەيپىنىڭ ئۆزىدىن ياكى قۇرۇقلۇق، ھاۋادا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئېھرام كيىدۇ، شۇنىڭدەك جۆھپە، يەلەملەم تەرەپلەردىن كەلگەن كىشىلەر شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇنىڭ باراۋىرىدىن ئېھرام كيىپ كېلىشى كېرەك بولىدۇ. دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى 11-توم130-بەت.

مىقاتتىن ياكى مىقاتنىڭ باراۋىرىدىن ئېھرام كىيىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن نەقل

قىلىنغان ھەدىستە: كۇپە بىلەن بەسرە شەھرى پەتىھ قىلىنغاندا ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نەجدى ئەھلى ئۈچۈن قەرنى مەنازىلنى ئىھرام كىيىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن، ئۇ تەرەپنىڭ يولى بىزگە يىراق، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئىھرام كىيىپ ماڭىمىز دىسەك بەك جاپا بولىدۇ دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: سىلەر قەرنى مەنازىلنىڭ ئۇدۇلىغا كىلىدىغان يولغا قاراڭلار دەپ، ئۇلارغا زاتە ئىرق دېگەن جاينى ئىھرام كىيىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن. [ئىمام بۇخارى1458].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ "پەتھۇلبارى 3-توم 389-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇلارغا: سىلەر قەرنى مەنازىلنىڭ ئۇدۇلىغا كىلىدىغان يولغا قاراڭلار دېيىشى، سىلەر ئۆتىدىغان يولنىڭ مىيقاتقا باراۋەر كىلىدىغان جايىنى توغىرلاپ ئىھرامغا كىرىدىغان جاي قىلىڭلار دېمەكتۇر".

ئىنسان شۇنى بىلىشى كېرەككى، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يىتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيىش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىغان، ئەڭ ياخشى يول پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدۇر، ئەمما ئايروپىلاندىكى كىشى بولۇپ قالسا مىيقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيسە بولىدۇ، چۈنكى ئايروپىلان تىز ئۈچىدىغان بولغاچقا مىيقاتنىڭ ئۆزىگە كەلگەندە ئىھرام كىيىمەن دىسە، بەلكىم ئايروپىلان مىيقاتتىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايروپىلاندىكى كىشىلەر مىيقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيىۋالسا بولىدۇ.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلغان كىشىلەرنىڭ ھېچ بىرىدىن، ئۇلارنىڭ زۇلھۇلەيپىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيگەنلىك توغرىسىدا ئەسەر بايان قىلىنمىدى، ئەگەر مىيقات بېكىتىلمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار بۇرۇنراق ئىھرام كىيىشكە ئالدىرىغان بولاتتى. چۈنكى بۇرۇن ئىھرام كىيىش جاپالىق ۋە ئۇنىڭ ئەجىر-ساۋابى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى بەلكى مىيقاتتىن ئىھرام كىيدى". [پەتھۇلبارى 3-توم 387-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.